# 148664 - كىرپىكنى قارا رەڭدە بوياشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

خانىملار ئەرلىرىگە گۈزەل بولۇش ئۈچۈن رەڭگى بىر قانچە ھەپتىگىچە كەتمەيدىغان تېرىگە زىيان يەتمەيدىغان بوياقلار بىلەن كىرپىكلىرىنى بويىسا توغرا بولامدۇ؟. ئەگەر بوياش توغرا بولسا، قارا رەڭدە بويىسىمۇ بولامدۇ؟ ياكى قارا رەڭدە بوياش چاچنى بوياش ھارام بولغاندەك كىرپىكنى بوياشمۇ ھارام بولامدۇ؟. ئاللاھ سىلەرگە ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

خانىملار كۆزىنىڭ كىرپىكلىرىنى زەرەر يەتمىسە سۈرمە بىلەن ياكى باشقا بوياقلار بىلەن بويىسا بولىدۇ، بۇ شەكىلدە يات ئەرلەرنىڭ ئالدىغا چىقماسلىق كېرەك، بۇ مەسىلىدە ئەسلى دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن قارا رەڭ بىلەن بوياشتىنمۇ چەكلەنمەيدۇ، چۈنكى قارا رەڭنىڭ سۈرمىگە بەك ئوخشاش بولغانلىقتىن كۆپ پەرق قىلمايدۇ، بۇنداق قىلىش كىرپىكنى بېشىنىڭ چېچىغا قېتىپ قويغاندىن ياخشىدۇر. ئەگەر كىرپىكنى بويىغان بوياق كىرپىككە سۇ تېگىشنى چەكلەپ قويسا، تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن كىرپىكنىڭ بويىقنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. بۇ ھەقتە 113725 -نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

كىرپىكنى بويايدىغان بوياقلارنىڭ زىيانلىق ماددىلاردىن خالى بولغانلىقىغا بەك دىققەت قىلىش كېرەك، چۈنكى بەزى بوياقلار قاپىقنىڭ ياللۇغلىنىشىغا، كىرپىكنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «ئۆزىڭىزمۇ ۋە ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەسلىك كېرەك» دېگەن. [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 2865-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى 2341-ھەدىس. شەيخ ئەلباني سەھىھ دەپ، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ ياخشى بىلگۈچىدۇر.